3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# بۇ بايرام خەلقنىڭ سادىق قوغدىغۇچىلىرىغا مەنسۇپ

تيانشان مۇلاھىزىسى
TIANSHAN SHIPING

□ جاڭ بىي

1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تۈنجى «جۇڭگو خەلق ساقچىلىرى بايرىمى»، بۇ، گوۋۇيۈەن تەستىقلىغان، مەخسۇس خەلق ساقچىلىرى قوشۇنى ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان بايرام بولۇپ، خەلق ساقچىلىرى قوشۇنىنىڭ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن باتۇرلارچە كۆرەش قىلغانلىقىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىك. بۇ ئالاھىدە كۈندە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق خەلق ساقچىلىرىغا بايراملىق سالام يوللىدى ۋە ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى، ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەجرى، ئىسسىق قېنى ھەتتا ھاياتى بەدىلىگە خەلقنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى، بەختلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن يىمىرىلمەس پولات ئىستىھكام قۇرغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى. تىنچ ـ ئامان ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرىمىزدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان پەيتتە، بىز خەلقنىڭ سادىق قوغدىغۇچىلىرىغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمىز، سەممىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز.

«110»، بۇ بىر گۇرۇپپا تونۇش سانلارنى كۆرگىنىمىزدە، دەرھال نېمىلەرنى ئويلايمىز؟ خەتەرگە يولۇققان چاغدىكى تەبىئىي ھالدا ياردەم سوراش، ئاۋارىچىلىك، ماجىرالاردىكى ئىشەنچلىك ماسلاشتۇرۇش، ئادەم ئىزدەش، نەرسە ئىزدەشتىكى ئەڭ ئىشەنچلىك تاللاش...

خەلق ساقچىلىرى خۇددى شەكىلسىز بىخەتەرلىك مۇداپىئە لىنىيەسىگە ئوخشاش بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزنى قەتئىيلىك بىلەن قوغداپ كەلمەكتە، «قىيىنچىلىق بولسا ساقچىلارنى ئىزدەڭ» پۇقرالار چوڭ ـ كىچىك ئىشلارغا يولۇققاندا دائىم دەيدىغان سۆزگە ئايلاندى. لېكىن ئۇلارنىڭ قوغدايدىغىنى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى، زەھەر چەكلەشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپى، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش نەق مەيدانى، مىڭ چاقىرىملىق قاچقۇن جىنايەتچىلەرنى تۇتۇش يولىدا، قەيەردە دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان جىنايەتچىلەر بولسا، شۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە ئېلىپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان سىماسىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

«پارتىيەگە سادىق بولۇپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىپ، ئىنتىزامدا قاتتىق بولىمىز؛ قەتئىي پاك بولۇپ، پارتىيەنى خاتىرجەم قىلىپ، ئۆزىمىزنى بېغىشلاپ، جان تىكىپ ئېلىشىپ، غەلىبە قىلىشقا ماھىر بولىمىز.» جۇڭگو خەلق ساقچىلىرى ساقچى بايرىقى بېرىش مۇراسىمىدا، مۇراسىمغا قاتناشقان خەلق ساقچىلىرى كوللېكتىپ قەسەم بەردى، بۇ بارلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرىغا ۋاكالىتەن بېرىلگەن تەنتەنىلىك ۋەدە. جاراڭلىق قەسەملەر ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن مەملىكەت بويىچە «جامائەت خەۋپسىزلىكى ئۈلگىسى» دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەن خەلق ساقچىسى دىڭ فاگېن پامىر ئېگىزلىكىدە قارلىق تاغقا چىقىپ، مۇز دەريادىن ئۆتۈپ، تىك قىيالاردا مېڭىپ، ئارقانلاردىن ئۆتۈپ، تەۋەلىكىدىكى ھەربىر ئائىلىگە بېرىپ، چارۋىچىلارنىڭ قەلبىدىكى «ياخشى تۇغقان»غا ئايلاندى؛ ئوخشاش شەرەپكە ئېرىشكەن خەلق ساقچىسى سۈن چاۋ پامىر ئېگىزلىكىدە 20 نەچچە يىل ئۈن ـ تىنسىز چىڭ تۇرۇپ، سەپداشلىرىنى يېتەكلەپ ئېگىزلىكنىڭ تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق تېخنىكىسىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، تاجىك مىللىتى ئاممىسىغا تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق تېخنىكىسىنى قولمۇقول ئۆگىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشتى. مەيلى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئاچقۇچلۇق پەيتتە بولسۇن ياكى قەھرىتان سوغۇقتىكى تۆت كوچا ئېغىزىدا بولسۇن ۋە ياكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى جەزمەن غەلىبە قىلىش يولىدا بولسۇن، ھامان ئۇلارنىڭ سادىقلىق بىلەن ۋەزىپىنى ئادا قىلىۋاتقان، شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلاۋاتقان سىماسىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

قوغدىغۇچىلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش بىلەن بىللە، بىز تىنچ ـ ئامان جۇڭگو قۇرۇلۇشىغا ھەممەيلەننىڭ ئورتاق قاتنىشىشى كېرەكلىكىنى، پەقەت ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئورتاق قۇرۇپ، ئورتاق ئىدارە قىلغاندىلا ئاندىن تىنچ، بەختلىك تۇرمۇشتىن تېخىمۇ ياخشى ئورتاق بەھرىمەن بولغىلى بولىدىغانلىقىنىمۇ جەزمەن چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز كېرەك. ھەممە ئادەمنىڭ قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە پائال ماسلىشىشى ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن بولۇپلا قالماي، يەنە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق خەلق ساقچىلىرىنى قوللاپ، خەلق ساقچىلىرىغا ئېھتىرام بىلدۈرگەنلىك.

«ئالتۇن قالقان ئىسسىق قېنىمىز بىلەن تاۋلانغان، خەتەرلىك پەيتتە كارامىتىمىزنى كۆرسىتىمىز» دېگەن ياد بولۇپ كەتكەن بۇ ناخشىدا خەلق ساقچىلىرىدىن ئىبارەت بۇ سۆيۈملۈك كوللېكتىپنىڭ ئوبرازى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن. بۇ بىر پولاتتەك غايە ـ ئېتىقاد، پولاتتەك مەسئۇلىيەتچانلىق ـ دادىللىق، پولاتتەك كۈچلۈك قابىلىيەت، پولاتتەك ئىنتىزام ـ ئىستىلنى كۈچەپ تاۋلىغان قوشۇن، بۇ بىر خەلق ئارىسىدىن كەلگەن، خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتقان، شۇنداقلا خەلقنى مەركەز قىلىپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا جەزمەن چىڭ تۇرىدىغان قوشۇن، مۇشۇنداق قوشۇن قوغدىغاندا، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى جەزمەن ئۈزلۈكسىز ئاشىدۇ.

سكانىرلاپ سىنى كۆرۈڭ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۈنجى «جۇڭگو خەلق ساقچىلىرى بايرىمى» يېتىپ كېلىش ئالدىدا، شى جىنپىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى خەلق ساقچىلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى. كۆپچىلىكنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق پارتىيەگە سادىق بولۇش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش، ئىنتىزامدا قاتتىق بولۇشنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، تىرىشىپ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك تىنچ ـ ئامان جۇڭگو، قانۇنچىل جۇڭگو قۇرۇپ چىقىش، خەلقنىڭ بەختى، دۆلەت خەۋپسىزلىكى، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلىشىنى ئۈمىد قىلدى.

مەركەز سىياسىي قانۇن خىزمىتى يىغىنى 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى گو شېڭكۈن يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنى يەتكۈزدى ھەم سۆز قىلىپ مۇنداق تەكىتلىدى: سىياسىي قانۇن ئورگانلىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىشنى يېتەكچى قىلىپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي بىخەتەرلىكىنى قوغداش، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىشنى دائىملاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش، شەھەر رايونى جەمئىيىتىنى ئىدارە قىلىشنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سىياسىي قانۇن ساھەسىدە ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سىياسىي قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش ـ تەرتىپكە سېلىشنى كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، سىياسىي قانۇن خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلىشى كېرەك.

دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى جاۋ كېجى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى جوۋ چياڭ، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى جاڭ جۈن يىغىنغا قاتناشتى.

## بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسىي ئاڭنى ھەققىي كۈچەيتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پىلانلىغان ئۇلۇغۋار پىلاننى كۆزلەپ، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، ھەر مىللەت پارتىيەلىك كادىرلارنى مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. قەتئىي بوشاشماي ئىستىلنى ياخشىلاپ، تېخىمۇ قەتئىي مەيدان ۋە قەتئىي پوزىتسىيە بىلەن، ئېگەرنى ئاتتىن ئايرىمايدىغان، چۇلۋۇرنى قويۇپ بەرمەيدىغان ئىرادە بىلەن، قايتا ـ قايتا تۈتىدىغان، قايتىلىنىشنى تۈتىدىغان چىدامچانلىق بىلەن، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسى ھەم ئۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، «تۆت خاھىش»نى تۈزەش، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشتىكى تۈرلۈك بەلگىلىمىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە سىجىل تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلار سايلام خىزمىتى نىزامى» پارتىيە ئىچىدىكى سايلام ئەمەلىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نەتىجىسى، يېڭى دەۋردىكى يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى سايلام خىزمىتىنىڭ ئاساسىي مىزانى. نىزامنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلار سايلام خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، توغرا بولغان ئادەم تاللاش، ئادەم ئىشلىتىش يۆنىلىشى تۇرغۇزۇپ، سىياسىي ئىنتىزام، تەشكىلىي ئىنتىزام ۋە نۆۋەت ئالماشتۇرۇش ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، ياخشى سىياسىي ئېكولوگىيە بەرپا قىلىپ، سايلامدا ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، «ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، قوغداشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېشىل تەرەققىي قىلىش، ئېكولوگىيە ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلە يۆنىلىشى، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى مەسئۇلىيەت سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، قۇمنى تىزگىنلەش، سۇنى تىزگىنلەش ۋە ئورمان، ئوتلاقنى قوغداش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ قانات يايدۇرۇپ، ئورمان بايلىقىنى قوغداش، يېتىشتۈرۈش ۋە مۇۋاپىق پايدىلىنىش سالمىقىنى سىجىل زورايتىپ، دۆلەت زېمىنىنى كۆكەرتىشنى تېزلىتىپ، ئورمان ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نەچچە ئون يىل ئويمىچىلىق ھۈنىرىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، تۈرلۈك نەقىشلەرنىڭ مەنىسىنىمۇ پىششىق بىلىپ كەتكەندى. «ھەر قېتىم يېڭى نەقىشنى قاپاققا ئويۇپ چىققان ۋاقتىمدا، قەلبىمدە مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ».

1995 ـ يىلى ئوقۇتقۇچىلىق ئىش ئورنىدىن پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، تاۋ يەنشەن كۆپ قىسىم ۋاقتىنى قاپاق ئويمىچىلىقى ئىجادىيىتىگە سەرپ قىلدى. ئەجىر يەردە قالمىدى، ئۇزاق مەزگىل ئىزدىنىش ئارقىلىق، ئۇ قاپاق ئويمىچىلىقى ئىجادىيەت ھۈنىرىنى ئىگىلىۋالدى ھەم ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈردى.

2017 ـ يىلى، تاۋ يەنشەن ئاتا ـ بالا بەخت كەنتىگە كېلىپ، قاپاق مەدەنىيىتى ئىجادىيەت كەسپلەر باغچىسىنى كۆڭۈل قويۇپ بەرپا قىلدى. قاپاق ئۆستۈرۈشتىن سىرت، ئۇلار يەنە قاپاققا نەقىش ئويۇش، رەڭلىك رەسىم سىزىش، داغمال رەسىم سىزىش قاتارلىق ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياساش ھۈنىرى بويىچە تەربىيەلەش دەرسلىكى تەسىس قىلدى. ئاستا ـ ئاستا قاپاق باغچىسى نام چىقىرىپ، قۇتۇبى ناھىيەسىدىكى بىر ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسىغا ئايلاندى.

«مەن يۇرتداشلارنى قاپاق ئۆستۈرۈش، قاپاققا رەسىم سىزىش، قاپاققا نەقىش ئويۇشقا يېتەكلەپ، كۆپچىلىكنى قاپاق كەسپىگە تايىنىپ تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمەن» دېدى تاۋ خەيىن.

**«قاپاق باغچىسى» مەدەنىيەت ئىجادىيەت كەسپلەر باغچىسىغا ئايلاندى**

«2020 ـ يىلى بەخت كەنتى تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، 1200 مو يەردە قاپاق ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭدىكى قاپاق ئۆستۈرۈش، قاپاق مەدەنىيىتى بىرىنچى كەنتنى كۈچەپ بەرپا قىلدى» دېدى بەخت كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى خې ياۋچى قاپاق كەسپىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

خې ياۋچى مۇنداق تونۇشتۇردى: بەخت كەنتىنىڭ قاتنىشى قولايلىق، قاپاق مەدەنىيىتى بۇ جايدا خاسلىقنى شەكىللەندۈردى. بۇ بىرنەچچە يىلدا، كەنت يېزا يەرلىك مەدەنىيەت ئىجادىيەت تۈرلىرى ۋە ئىختىساسلىقلارنى پائال قوبۇل قىلىپ، قول ھۈنەر ـ سەنئەتكە ۋارىسلىق قىلىپ، ساياھەتچىلەرگە ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىگە قاتنىشىش جەريانىدا، تېرىقچىلىق مەدەنىيىتى ۋە سەھرا تۇرمۇشىنىڭ لەززىتىنى ھېس قىلدۇردى.

«قاپاق باغچىسىدا قاپاق ئويمىچىلىقى، قاپاق ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى، مەدەنىيەت ئىجادىيىتىنى ھېس قىلىش قاتارلىق نۇرغۇن مەدەنىيەت ئىجادىيىتى ساياھەت تۈرلىرى بار، ئېكسكۇرسىيە قىلىدىغان ساياھەتچىلەر ناھايىتى كۆپ.» خې ياۋچى مۇنداق دېدى: كەنت ۋەزىيەتكە قاراپ يېتەكچىلىك قىلىپ، تۆمۈرچىلىك سەنئىتى ياسىمچىلىقى، ھۆسنخەت ـ رەسىم كۆرگەزمىسى قاتارلىق مەدەنىيەت ئىجادىيىتى كارخانىسىدىن ئالتىنى بەخت كەنتىگە ماكانلىشىشقا جەلپ قىلىپ، قاپاق باغچىسىنى مەدەنىيەت ئىجادىيىتى كەسپلەر باغچىسىغا ئايلاندۇردى.

مەدەنىيەت ئىجادىيىتى كەسپلەر باغچىسى بولغاچقا، كەنت ئاھالىلىرى ئۆستۈرگەن قاپاقلىرىنى ساتالىدى، يېزا ـ كەنت ساياھەتچىلىكىمۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ گۈللەندى، پۇقراۋى قونالغۇ، دېھقانلار ئارامگاھى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدى. خې ياۋچى مۇنداق دېدى: 2020 ـ يىلى بەخت كەنتىدە يېڭىدىن ئالتە پۇقراۋى قونالغۇ ۋە دېھقانلار ئارامگاھى كۆپىيىپ، بۇ يەردىن ئۆتكەن 50 مىڭ ئادەم قېتىمغا يېقىن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان ساپ كىرىم 300 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

**قاپاق كەسپى كۆپ خىل كەسىپنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولدى**

خې ياۋچى مۇنداق تونۇشتۇردى: ۋۇگۇڭتەي بازىرى بەخت كەنتىنىڭ ئورنىنى پۈتۈن كەنت بويىچە «قاپاق كەنتى» بەرپا قىلىش، يېزا ـ كەنت ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دەپ بېكىتىپ، دېھقانلارنى قاپاق ئۆستۈرۈشكە يېتەكلىدى، قاپاق باغچىسى سېتىۋېلىش، قاپاق ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل بولۇپ، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى.

2019 ـ يىلىدىن باشلاپ، بەخت كەنتى كەنتنىڭ قىياپىتىنى كۈچەپ ياخشىلىدى. كەنت كوللېكتىپى ئۆزى 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، 4.8 كىلومېتىر كوچا يولىنى قاتتىقلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى، ئاممىنى ئۆيىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە، كوچا ۋە ھويلىلارغا 10 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق مېۋىلىك دەرەخ تىكىشكە تەشكىللەپ، يېزا ـ كەنت ئايلانما لىنىيەسىنى سەيلە ـ ساياھەت قىلىشنىڭ قاتتىق دېتال ئاساسىي شارائىتىنى مۇكەممەللەشتۈردى.

2020 ـ يىلى، بەخت كەنتى 13 كوچىنى جۇڭخۇا فۇلۇشۇشى قاپاق مەدەنىيىتى كوچىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، 250 مېتىرلىق قاپاق كارىدورى بەرپا قىلدى، ئون پۇقراۋى قونالغۇنى نۇقتىلىق ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، دېھقان ئائىلىلىرىنى خاس ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېرىقچىلىق مەدەنىيىتى ۋە قاپاق مەدەنىيىتىگە تايىنىپ، بەخت كەنتىدە مەدەنىيەت ئويۇن قويۇش مەركىزىي مەيدانى قۇرۇپ، ساياھەتچىلەر مۇلازىمەت مەركىزى، باللار كۆڭۈل ئېچىش مەيدانى ۋە چوڭ تىپتىكى ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى بەرپا قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە تۈرلۈك ساياھەت بايراملىق تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى، سەنئەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق، ساياھەتچىلەرنى كېلىپ ساياھەت قىلىشقا جەلپ قىلدى.

«ھازىر، كەنتىمىزگە بىرقانچە ساياھەت ـ مەدەنىيەت ئىجادىيىتى كارخانىسى ۋە خاس يېمەك ـ ئىچمەك كارخانىسى ماكانلاشتى، ساياھەتچىلەر كۆپەيدى، سودىمۇ ياخشىلاندى. مەن ھويلامنى ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسىغا ئۆزگەرتىپ، ئەتىياز كىرگەندىن كېيىن تىجارەت قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن» دېدى كەنت ئاھالىسى لۇ جېڭگاڭ.

ۋۇگۇڭتەي بازارلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شۇ جېي مۇنداق تونۇشتۇردى: يېزا ئىگىلىك ئېكولوگىيە ساياھىتى تۈرلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، ۋۇگۇڭتەي بازىرىمىز بەخت كەنتىنى تېرىقچىلىق، يېشىل ئۆزۈش، يېزا ـ كەنت پۇقراۋى قونالغۇسى، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى ھېس قىلىش، باللار كۆڭۈل ئېچىش، بەدەن چېنىقتۇرۇش، ئېكولوگىيەلىك كۆتۈنۈش، سەھرا تائاملىرى، مەدەنىيەت ئىجادىيىتى بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن كەسپلەرنى گۈللەندۈرۈش باغچىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ.